# ئۇيغۇر خەلق
# ماقال ـ تەمسىللىرى

**2**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق
# ماقال - تەمسىللىرى

## 2

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت رەھىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1983 - يىل ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئا . ئۆمەر

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

## ( 2 )

نەشرگە تەييارلىغۇچى:

مەھەممەت رەھىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 م.م 1/32 باسما تاۋىقى، 3
1983 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·705
تىرازى: 1—25،000
باھاسى: 0·17 يۈەن

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

قولىڭىزدىكى بۇ توپلامنىڭ نېپىزلىقىغا قاراپ، «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئاساسەن توپلىنىپ بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەرگە شۇ نەرسە ئايانكى، ئاساسەن توپلاپ بولۇش باسقۇچىدىن خېلى يىراقتىمىز. ئازاتلىقتىن بۇيان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئون يىللىق بالايى - ئاپەت بۇ ئىشىمىزنىڭ بېلىگە تەپكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى باشلىنىش مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ۋە خالىس توپلىغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق ئېلىپ بېرىلماقتا. قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ئون نەچچە پارچە كىتاب بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر.

خەلقىمىزنىڭ «ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار، يۈز يىلدا قازان» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىدىن قارىغاندا، بىر ئەۋلات يېڭىلانغاندىن كېيىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋە ئېتنوگرافىيىگە دائىر بايلىقلىرىمىزنى توپلاشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. ۋاقتىنى چىڭ تۇتالمىغانلىقىمىز ۋە توپلاش ئۇسۇلىمىزدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ياشانغان كىشىلىرىمىز بۇ ساھەدە بىلىدىغانلىرىنى تولۇق قالدۇرۇپ كېتەلمىدى. مۇن-

داق موتەۋەرلىرىمىزنىڭ يىلدىن-يىلغا ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى تۇساپ بولمايدىغان تەبىئەت قانۇنىدۇر. بىز مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن ئىكەنمىز، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى توپلاشتا ئالدى بىلەن تۇرمۇش ئىچىگە يۈزلىنىشىمىز كېرەك.

1979-يىلى بۇ توپلامنىڭ 1-كىتاۋى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن بىر قىسىم يولداشلار ئۆزلىرى توپلىغان ماقال-تەمسىللىرىنى نەشرىياتقا ئەۋەتىشتى. بىز بۇ قىزغىنلىقنى ئەمەلىي ھەركەت بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلەش دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭ 2-كىتاۋىنى ئىشلەشكە كىرىشتۇق. ئەيىپسۇسكى، ئوتتۇزغا يېقىن كىشىنىڭ قىرىق مىڭدىن كۆپرەك ماقال-تەمسىللىرى ئىچىدىن ئاران مۇشۇ توپلامنى تەييارلاشقا مۇۋەپپەق بولالىدۇق. مۇنداق بولۇشى، بىرىنچىدىن، كۆپلىگەن ماقال-تەمسىللەر بۇنىڭدىن ئاۋال نەشر قىلىنغان توپلام ۋە ژورناللاردىن كۆچۈرۈۋېلىنغان؛ ئىككىنچىدىن، توپلىغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىگى نەشر قىلىنغان ماقال-تەمسىللەرنى قايتا توپلىغان. بۇ ھال ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى توپلاشتىمۇ يۈز بەرمەكتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قايسى تارمىقىنى بولسۇن، ئۇنى توپلاشتا خەلق ئارىسىدىكىنى يىغىۋېلىشقا ئالدىرىشىمىز زۆرۈر.

بۇ توپلام ئابلىز نازىرى، زۇنۇن قادىر، تۇرسۇن زېردىن، ئابلىز خالىق، ئالىم قادىر، ماخمۇت مەھەممەت، ئىمىنجان ئاۋۇت، مەمتىلى سايىت، ئابدۇكېرىم مىجىت، مۆمىن سەپىرى، ئابلەت زۇنۇن، دۆلەت ئاقنىياز، قۇربان ماموت،

ئۆمەر مەھەممەت، خوجەخمەت يۈنۈس، ئىسلام ئەيسا... قارلىق يولداشلارنىڭ توپلاپ ئەۋەتكەن ماقال - تەمسىللەرگە ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. يۇقۇرىدىكى يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىللە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بايلىغىمىزنى داۋاملىق توپلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىمىز.

## مۇندەرىجە


ئەل-يۇرت، ئۇملۇك ۋە يەككىلىك توغرىسىدا.... 1

دوستلۇق، دۈشمەنلىك، باتۇرلۇق، مەرتلىك ۋە قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا.................................... 4

بىلىم، ھۈنەر، ئەقىل - پاراسەت، نادانلىق ۋە ئەخمەقلىق توغرىسىدا. ........................................ 8

ئىش - ئەمگەك ۋە ھورۇنلۇق توغرىسىدا.......... 14

دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، ۋاقىت ۋە مەزگىل توغرىسىدا ............................................... 18

راستلىق، يالغانچىلىق، كەمتەرلىك ۋە ماختانچاقلىق توغرىسىدا.................................. 22

ئار - نومۇس، سەۋرى - تاقەت ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا....................................................... 25

قەدىر -قىممەت ۋە ئىززەت - ئابروي توغرىسىدا. 27

بەخت، بەختسىزلىك ۋە چىدام - غەيرەت توغرىسىدا 30

ئەدەپ - ئەخلاق ۋە تەربىيە توغرىسىدا......... 32

ياشلىق، قېرىلىق ۋە ئۆمۈر توغرىسىدا........... 34

تازىلىق، سالامەتلىك ۋە كېسەللىك توغرىسىدا. 36

تىل ۋە گەپ - سۆز توغرىسىدا.................. 39

ھەمكارلىق، ئادەمگەرچىلىك ۋە نائەھلىلىك توغرىسىدا.......................................................... 41

تۈرلۈك جىسمانى ئەيىپلەر توغرىسىدا ............ 43

ئىشق - مۇھەببەت ۋە سۆلەت توغرىسىدا........ 45
تۇرمۇش، ئائىلە تاۋابىمات ۋە خـۇشنىدارچىلىق
توغرىسىدا ........................................................ 47
مىجەز، خۇلۇق ۋە كىشى تەبىئىتى توغرىسىدا.... 53
توي - توكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ۋە مىھماندوستلۇق
توغرىسىدا........................................................ 59
سەپەر ۋە يولداشلىق توغرىسىدا.................. 67
ھايۋانات ۋە نەرسىلەر توغرىسىدا................. 63
تۇرلۇك ئىجتىمائى ئەھۋاللار توغرىسىدا............ 65
بايلىق ۋە كەمبەغەللىك توغرىسىدا............... 70
سېخىلىق، بېخىللىق، ئىنساپ ۋە ئاچكوزلۇك توغرىسىدا 74
سودا - سېتىق ۋە ئېلىش - بېرىش مۇناسىۋەتلىرى
توغرىسىدا........................................................ 76
تۇرلۇك پەندى نەسىھەتلەر. ........................ 79
ناتوغرا كەسىپ ۋە يامان ھەۋەسلەر توغرىسىدا 81
دىنىي ئېتىقات ۋە موللا توغرىسىدا. ............ 83
ۋە باشقىلار...................................... 85

## ئەل ـ يۇرت، ئۇملۇك ۋە يەككىلىك توغرىسىدا

ئاداشاڭمۇ كوپ بىلەن ئاداش.

ئادەمگە ئادەم كېرەك.

ئالقىش ئالغان ئامان،
قارغىش ئالغان يامان.

باغ ـ مېۋىسى بىلەن ئاۋات،
يۇرت ـ ئادىمى بىلەن (ئاۋات).

بىزنىڭ يەرلەر خو يەرلەر،
پولا بىلەن نان يەرلەر.

دەرەخ غولىدىن سۇنماس، شېخىدىن سۇنار.

گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا،
ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا.

كوپنىڭ كۈچى تاغ كوتىرەر.

كوپ ياققان ئوت كوككە يېتەر.

ئون باش — ئۆڭلۈك باش،
بىر باش — مۆڭلۈك باش.

ساراڭ بولساڭ پەرە ئوينا،
ئەل - يۇرتنىڭ نېرى ئوينا.

تاش چوڭقايماس، ئەل قېرىماس.

تاغ تاققا قوشۇلماس،
ئەل ئەلگە قوشۇلار.

توپ بولدۇق — توق بولدۇق.

يالغۇز قىر ئاشقىچە،
كوپ داۋان ئاشار.

يات يۇرتتا تورغاي سايرىماس.

يەككە - يېگانە، ھېلىم دىۋانە.

يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس.

ئەلگە يامانلىق ئەيلىگەننى
ئارىغا ئالماس ھېچ كىشى.

ئەلنىڭ ھۆكمى ئىللا.

ئەل «پۇھ» دېسە، بوران چىقىدۇ.

## دوستلۇق، دۈشمەنلىك، باتۇرلۇق، مەرتلىك ۋە قورقۇنچاقلىق توغرىسىدا

ئالدىدا ھى ـ ھى...
ئارقىدا خى ـ خى...

ئالۋاستى بوش كەلگەننى باسىدۇ.

ئاۋال سوقۇشۇپ، ئاندىن دوست بول.

ئاغزىڭ قان بىلەن تولسىمۇ،
دۈشمەن ئالدىدا تۈكۈرمە.

باتۇر بىر قېتىم ئۆلەر،
قورقۇنچاق مىڭ قېتىم.

بورانىنىڭ گۈكىرىشىگە تاغ تەۋرىمەس.

بورە ھۆۋلاپ ئوزىنى ئاشكارىلار.

دوست كېڭەشتە بىلىنىدۇ.

دوست كوپ، توغرىسى ئاز.

دوست چىللىسا قالما،
دۈشمەن چىللىسا بارما.

دوستۇڭنىڭكىنى يە، كوڭلى قالمىسۇن،
دۈشمىنىڭنىڭكىنى يە، ئوزىڭگە قالمىسۇن.

دوستۇڭغا دەرت كەلسە،
دۈشمىنىڭنىڭ تويى بولار.

دۈشمەنگە شەپقەت — ئوزەڭگە كۈلپەت.

دۈشمەن قەست قىلار،
دوست قۇتۇلدۇرار.

ئېقىن سۇ ئۇخلار،
دۈشمەن ئۇخلىماس.

مەرت باتۇر يىقىتىمدۇ، ئولتۇرمەيدۇ.

مەرت نامەرتكە باش ئەگمەس.

مەرتنىڭ ئاغامچىسى ئۇزۇن.

مەرتنىڭ سوزى بىر.

ئوڭ كوزۇڭ سول كوزۇڭگە دۇشمەن.

سىنالمىغان دوستتىن يولدىكى تاش ياخشى.

ياخشى دوست جاندىن ئەزىز.

يىراقتىكى دۇشمەندىن،
ئاينىپ كەتكەن دوست يامان.

يىقىلمىغان پالۋان يولەپ قويار.

يەڭگەن — سۇلتان،
يېڭىلگەن — ئۇلتاڭ.

زەھەرلىك يىلاننىڭ قاسرىغى ئالا.

قىيىنچىلىق — قورقۇنچاقنىڭ يۈكى،
باتۇر ئۈچۈن توخۇنىڭ تۈكى.

قورقۇنچاق بار يەردە شەرمەندىلىك بار.

قورققان ئىت ئارقىسىغا قاراپ خىقىرار.

قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق،
دۈشمەننىڭ قاغىمايدىغىنى (يوق).

ئۆزەڭ نېمە يېسەڭ، دوستۇڭغا شۇنى قوي.

AltunOq

## بىلىم، ھۈنەر، ئەقىل ــ پاراسەت، نادانلىق ۋە ئەخمەقلىق توغرىسىدا

ئادەمنىڭ بېگىسى قوساقتا،
ھايۋاننىڭ بېگىسى تۇياقتا.

ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كوز.

ئانا سۈتى بىلەن كىرمىگەن ئەقىل
كالا سۈتى بىلەن كىرمەس.

ئاچچىق ــ ئەقىلنى كېسىدۇ.

ئاتاڭدىن دۇنيا قالغىچە ھۈنەر قالسۇن.

ئاقىلنىڭ سوزى ئومرى ئوتكىچە،
نادانىڭ سوزى ئىشىكتىن چىققىچە.

باسقان ئىزىڭنى بىلىپ باس،
ئالدى ــ ئارقاڭنى كورۇپ باس.

بىلىم — بىلگۈچىدە،
ئەقىل — سەزگۈچىدە.

بىلمىگەننى بىلەي دېسەڭ،
بىلمىگەنلىرىڭگە ئىقرار قىل.

بىر ئىشىك قويۇش ئۈچۈن ئون ئىشىك كور.

بويى ئۇزۇندىن سورىساڭ توگىدىن سورا،
ساقىلى ئۇزۇندىن سورىساڭ ئۆشكىدىن سورا.

بەيگە خېچىرغا قالدى،
ئۇسۇل توكۇرغا.

دۇنيادا ئەخمەق بولمىسا، ئەقىل ئىگىلىرى
زېرىكىپ قالار.

دۇتار تارىسى ساتاردا يوق،
بىلمىسىز كىشى قاتاردا يوق.

دوتكە نەسىھەت كار قىلماس،
قارىغا سوپۇن (كارقىلماس).

خۇدا ئۇردىمەن دېسە، ئاۋال ئەقلىدىن ئۇرىدۇ.

ئىش بىلگەن ئىشنى ھاردۇرار.
ئىش بىلمىگەن ئوزىنى (ھاردۇرار).

ئىش پەم بىلەن،
ئىشىك دەم بىلەن.

كاسىپ قېرىسا، ھۈنىرىمۇ قېرىيدۇ

كۈنچىنىڭ پەرى يوق،
ئىككى تېرىنىڭ بەرى يوق.

مۇشەققەتسىز ھۈنەر بولماس.

نادان كۆلگە يۆگۈرىدۇ،
زىرەك مۇدگە.

نادانغا بېرىلگەن مەنسەپ — كىچىك بالىغا تۇتقۇزۇلغان ئۇستۇرا.

ئويناپ ئۆگەنمەي، ئويلاپ ئۆگەن.

ئوقۇدۇم دىگىچە بىلدىم دىگىن

پەمسىز پەلەمپەيدىن يىقىلار

چاپان دىگەن چەندە،
ئۇسۇل دىگەن مەندە.

چارىسىز ئىش بولماس،
چارىسىز ئاش (بولماس).

چاقماقنى ئاتقا تېگىشكەن ئەخمەق.

چىچەن يىگىت يىلاننىڭ كوشىگىنىنى بىلەر.

چەۋەندازلىق ئاتقا يۈگەن سېلىشتا مەلۇم.

سايەڭگە قاراپ بويۇڭنى ئۆلچىمە.

تاشنى سوقسا قۇم بولۇر،
تومۇزنى سوقسا قىل بولۇر.

ياشلىغىڭدا بىلىم ئال،
قېرىغاندا ئىشقا سال.

يىمەيدىغان ھەسەل بار،
يەيدىغان زەھەر بار.

يىراققا قارىغاننىڭ كوزى ئوتكۇر.

هويلامنىڭ تېمى يوق،
دەرۋازام تاقاقلىق.

ھەر كاللا — بىر دۇنيا.

ھۈنەرنىڭ ئالدى ياخشى سوز.

ھۈنەر — پۈتمەس گوھەر.

ھۈنەرۋەن باي بولماس،
قوسىغى ئاچ قالماس.

قاپاقتەك بېشىم بولسىمۇ،
قوشۇقتەك مېڭەم بار.

قاردىماي ئېتىۋىدىم، كاللامغا تەگدى.

قاسساپنىڭ ئۈستىسى توخۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئالار.

قولۇمدىن كەلگىنى كوڭلۇمگە ياقماس،
كوڭلۇمگە ياققىنى قولۇمدىن كەلمەس.

— قوشناچىم نىمە قىلار؟
— تىكىپ-سوكۈپ ئىش قىلار.

قەيەرگە يىقىلىشىمنى بىلسەم، شۇ يەرگە پاخال سېلىپ قوياتتىم.

ئەخمەقنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق.

ئەخمەققە مەنسەپ تەگسە،قوتانغا زەدىۋال تارتار.

ئەخمەق ئوتتۇكنىڭ تېشىدىن قاشلار.

ئەسلىسەڭ ئېسىڭگە قونار.

ئەقىل ـــ دۆلەت،
كېيىم ـــ سۆلەت.

ئەقىللىققا گەپ قىلسام، ئويلاپ كۆلىدۇ؛
نادانغا گەپ قىلسام، ئاڭلاپ كۆلىدۇ.

ئەقىللىقنىڭ قەدرى ئەخمەقنىڭ يېنىدا ئوتتۇلەر.

ئەقلى يوق باشتىن سۆيى يوق قاپاق ياخشى.

## ئىش ـ ئەمگەك ۋە ھورۇنلۇق توغرىسىدا

ئارتۇق ئۇخلىساڭ ئاچ قالىسەن.

ئاغزىڭ گەپتە بولسىمۇ،
قولۇڭ ئىشتا بولسۇن.

ئاڭچى ئاڭ گۆشىنى يىمەي تۇرۇپ ئۆزگىشىنى يەر.

بىكار تەلەتكە كۆندە ھېيت.

بىكار ياتقان ئىشەكنىڭ تېزىگى تورلۇق.

بىكار يېتىپ قەن يىسەڭ،
تاتلىقى يوق زاغرىچە.

بىلىمسىلىكتىن ئەمەس، قىلماسلىقتىن.

بىلەككە قارىما، يۈرەككە قارا.

ئىلمەكنى ئىشارەت بىلەن رۇسلىغىلى بولماس.

ئىش ئادەمگە باغلىق.

ئىشچاننىڭ پۇلى تۈگىمەس،
بەتخەجنىڭ قەرزى (تۈگىمەس).

ئىش سېنى يەگمىسۇن،
سەن ئىشنى يەڭ.

ئىش قىلساڭ پۇختا قىل، خام قىلما.

كىشىنىڭ ئون «ھە—ھە» سىدىن،
ئۆزۈڭنىڭ بىر غەيرىتى ياخشى.

ماڭغان پۇتقا توپا يۇقار.

مىڭ خىشىم بار، تېمىم يوق،
مىڭدىرلايمەن، جېنىم يوق،
خۇدايىم بار، غېمىم يوق.

نان يۈز قولدىن ئۆتۈپ ئېغىزغا كىرەر.

نەخشىۋەننىڭ بىرى مەن،
ھويلا قويماي كىردىمەن.

پىچاق تاشتا بىلىنىدۇ،
ئادەم ئىشتا سىنىلىدۇ.

چاپسان بول دېسە، زاغرامنى يەۋالاي دەيدۇ.

چىچەن جۇۋاننى ئوچاق بېشىدا سىنا.

چىشىمغا قارىما، ئىشىمغا قارا.

چەك باسمىغان ئىشتا چېچەك بار.

سىرتتا ئىشلە، ئۆيدە يە.

تاي تېپەرلايدۇ،
هارۋىنى ئات تارتىدۇ.

تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس.

يارىتىش خۇدادىن،
يارىلىش ئۆزەڭدىن.

ياساش قىيىن، بۇزۇش ئاسان.

يازدا ئۇخلىغان قىشتا مۇزلايدۇ.

يەر كىشىنى يەيدۇ،
كىشى يەرنى يەيدۇ.

يەرنىڭ كۆزى ئاچ.

ھورۇن ئادەم يەرگىمۇ يۈك.

ھورۇن ئىشەكنىڭ توت پۇتى ساق.

ھورۇننىڭ ھۈنىرى ئۇيقۇ.

ھورۇن يىگىت دىگىچە،
ھالسىز يىگىت دىسەڭچۇ.
ئىغىر يىگىت دىگىچە،
ئاغرىق يىگىت دىسەڭچۇ.

ھورۇنغا ئىپتىزنىڭ قىرى تاغ كۆرۈنەر.

ھەر كۈننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مىھنىتى بار.

قىردا بار، قىرلاشتا يوق.

ئەمگەك قىلساڭ يەر سىخى.

ئۆلۈكنىڭ قولىنى ئوتنە ئاپتۇ.

## دېخانچىلىق، چـارۋىچىلىق، ۋاقىت ۋە مەزگىل توغرىسىدا

ئاسمان ــ ئەركەك، يەر ــ چىشى.

ئازگال يەر سۇ ئىچكىچە،
دوڭ يەر نەم تارتىدۇ.

بىر كۈن ئاۋال تېرىساڭ،
ئون كۈن ئاۋال يىغىسەن.

بۇيىدىن قاچ، كەكرىدىن چاچ.

بەشىنچى ئايدا بېشىنى كوردۇم،
ئالتىنچى ئايدا ئېشىنى.

دان سۈيى—جان سۈيى.

دەلۋىنىڭ ئاپتىۋىغا ئالدانما،
دۈشەنبىنىڭ كۈلكىسىگە (ئالدانما).

ئىلگىرى باغداتتىن كەلسە،
ھازىر قازناقتىن چىقار.

ئىنەكنىڭ سۈتى ئاغزىدا.

كالىنىڭ گۆشى ئايدا ـ يىلدا،
سۈت، قېتىقى كۈندە ـ كۈندە.

كۈندىن قالدىڭ — ئايدىن قالدىڭ،
ئايدىن قالدىڭ — يىلدىن قالدىڭ.

ئورتاقچىلىقتىن كەپسەن ياخشى.

ئوغۇت — يەرنىڭ يېغى.

پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتمە.

چارۋىچىلىق كۆچە ـ كۆچە،
دېخانچىلىق كۈندۈز ـ كېچە.

چىلانغا چۆل، ياڭاققا كۆل.

ئۇستا ئوۋچى شىر ئاتار،
قاۋۇل دېخان بوز ئاچار.

سۈمبۈلدا سۈ سال، مىزاندا تەر، سەرتالدا ئۇر.

سۈيۈم كولدە، ئېشىم چولدە.

سۈيۈك غول — ھوسۇلۇك مول.

تامغىلىق مال يوقالماس.

تايىنى ئايغان ئات مىنەر.

تېرىق ئورۇماق — قىز قۇچاقلىماق،
ئارپا ئورۇماق — خۇن چىقارماق.

ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت.

يامغۇر ياغدى — ياغ ياغدى،
قار ياغدى — نان ياغدى.

يازدا يېيىل، قىشتا قىسىل.

يەر باقاردىن يەر قورقار.

يەر خوشنىسى تام خوشنىدىن يېقىن.

يەرنىڭ يېمى ئوغۇت،
ئانا غېمى تۇغۇت.

زىرائەتنىڭ كوكىگە ئىشلىمەي، تۈۋىگە ئىشلە.

زىرائەت زەمىنىنىڭ ئوگەي بالىسى،
ياۋا ئوت ئوز بالىسى.

قىرىق يىلدا بىر قېتىم ئېشەك ئويۇنى.

قىشنىڭ قىش بولغىنى ياخشى.
يازنىڭ ياز بولغىنى.

قوم يەر — شوم يەر،
سېغىز يەر — مېغىز يەر.

ئەتىيازدا قويماق يەپ،
كەچ كوزدە كېكىرىپتۇ.

ئولۇشىگە چىدىساڭ مال ئەت،
كومۇشىگە چىدىساڭ تال ئەت.

ئۆرۈك قىزىل كوس،
بۇغدايغا سۇنى توس.

ئۆزمە تۈگمىگەندە سوپىسوپىياڭ كەپتۇ.

## راستلىق، يالغانچىلىق، كەمتەرلىك ۋە ماختانچاقلىق توغرىسىدا

ئاڭلىغان بىلەن كورگەن بىر ئەمەس.

ئېگىلمىگەنگە ئېگىشمە.

ئېتىمىزدا بار، ئەمەلدە يوق.

خۇدايىمنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس،
1 يالغانچىنىڭ ۋەدىسى ( تۈگىمەس ).

ئىچىدە روزا تۇتۇپ،
تېشىدا ھېيت ئويناپتۇ.

كىرپە تىكىنى بىلەن ماختىنار.

كۆندۈزى مەندەك ئەر يوق،
كېچىسى ياتىدىغان يەر يوق.

ئۇماچ ئىچىپ چىش كولاپتۇ،
مۈز يالاپ بۇرۇت تولغاپتۇ.

ئورۇق قويننىڭ مايغى چوڭ.

پاكەت ئالدىدا پەل ئوسۇرۇپتۇ.

پەيالىگە ئېگىلمەيدىغان چەينەك يوق.

راست گەپنىڭ خىجالىتى يوق.

ساقى بولساڭ ساق بول.

تاۋار داستىخان،
قۇرۇق ئۇستىخان.

شاھتەك گاداي بار،
گادايدەك شاھ بار.

شەھەرمۇ ـ شەھەر باش كوتەرگەن،
بۇچۇق تاۋاقتا ئاش كوتەرگەن.

يالغانچىلىقتىن گاچىلىق ياخشى.

يالغانچىنىڭ گۇۋاچىسى تەييار.

يالغانچىنىڭ چىرايلىق سوزىدىن
گاچىنىڭ گوگىرىشى ياخشى.

يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۇگىمەس.

يالغانچى ئۆلۈكنى گۈۋاچىلىققا تارتار.

يول بۇ ياققا، هارۋا ئۇ ياققا.

زاغراڭنى يەپ، ناغراڭنى چال.

هالاللىقنىڭ يولى بىر،
هاراملىقنىڭ يولى مىڭ.

قازاندىن چۆمۈچ چوڭ.

ئېيتاتىسىنى كورسە كەتمەن چېپىپتۇ.

## ئار ــ نومۇس، سەۋرى ــ تاقەت ۋە ئالدىراڭغۇلۇق توغرىسىدا

ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم ئولتۇرەر.

ئالدىرىغان بەر، ئالدىرىمىغان ئىككى.

ئالدىرىغان ئىت تامغا سەكرەر.

ئالدىرىغاننىڭ بۆرنى قانار،
ئالدىرىمىغان لەززەت ئالار.

ئالدىرىغاننىڭ ئېشەكى يېتەۋاپتۇ.

ئالدىرىغان قىز ئەر تاللىماس.

ئالمىغان ئاتقا ئوقۇر ساپتۇ.

ئاتنىڭ تەپكىنى ئار ئەمەس،
ئېشەكنىڭ تەپكىنى ئار.

بۆگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي.

ئېغىر بولغان خىزىر بولار.

ئېگىز تاغدا قار بولۇر،
مەرت يىگىتتە ئار بولۇر.

كىشىنىڭ ئىشىنى يەسەڭ تىلىڭ قىسقىرايدۇ.

تىلىنى چىشلىۋالغان چىشىنى يۇلۇۋەتمەس.

ئۆيقۇدا ئۆيات يوق.

يۈزۈم قېلىن. كۆڭلۈم نازۇك.

قانائەتلىك قوساق تويغۇزار،
بىناقەتلىك كالا سويغۇزار.

ئەستا ـ پاختا، ئوغۇچ ـ تاختا،
ساقىلىم چىقسۇن. خەپ توختا!

## قەدىر ـ قىممەت ۋە ئىززەت ـ ئابروي توغرىسىدا

ئابروينى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس.

ئابرويۇڭنى ياشلىغىڭدىن ساقلا.

ئاتام تاپقان ـــ بىكار پۇل،
ئۆزۈم تاپقان ـــ شېكەر پۇل.

ئات ئۆلسە ئىگەرى قالار،
ئادەم ئۆلسە ئىسمى (قالار).

ئاۋال ئىززەت، ئاندىن زورلۇق.

بۇلبۇل گۈل بار يەردە،
ھۆرمەت دوست بار يەردە.

دانا قەدرىنى نادان بىلمەس،
ئاغرىق دەردىنى ساق (بىلمەس).

ئىسىلنىڭ ئۇقۇرى ئىگەز.

ئېشەك بىلمەس توشەك قەدرىنى،
مۈشۈك بىلمەس سوڭەك قەدرىنى.

ئىناۋەت ئالتۇندىن قىممەت.

ئەتتىن ئاشقاننى ئىت يىمەس.

نەزرى ئۈستۈن، نەرقى پەس.

چوڭ ئىززەت قىلسا،
كىچىك خىزمەت قىلار.

تاتلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ھالۋىغا تۈز قۇيار.

تىرىك تور تالىشار،
ئۆلۈك گور (تالىشار).

توگىنىڭ قۇيرۇغى بولغىچە،
خورازنىڭ تاجىسى بول.

ئۇستاز ئۇنتۇلماس.

قىزىل ئالما سارغايماس

قوي تۇغىدۇ بىرە ـ بىرە، يۇرىدۇ گىرە ـ گىرە؛
ئات تۇغىدۇ گىرە ـ گىرە، يۇرىدۇ بىرە ـ بىرە.

قۇدۇق قەدرى چۆلدە بىلىنەر.

قۇش ئوز ئۇۋىسىنى قەدرلەيدۇ.

## بەخت، بەختسىزلىك ۋە چىدام ـ غەيرەت توغرىسىدا

ئالتۇن چىقىدۇ يەردىن،
بەخت كېلىدۇ تەردىن.

ئامەت كەلسە قوش كېلەر،
كەلمىسە مۇش كېلەر.

بالا ـ قازا قاش ـ كىرپىكنىڭ ئارىسىدا.

بىر مۇددىردىگەن ئون مۇددىرەر.

بىتەلەي بۇغداي چاچسا، قىياق ئۈنەر.

بەختى بار تاپىدۇ،
بەختى يوق چاپىدۇ.

بەخت تاق كېلىپ، جۈپ قىلىدۇ؛
قازا جۈپ كېلىپ، تاق قىلىدۇ.

خۇدا ئۇرغاننى يولىغىلى بولماس.

جان تۇمشۇققا كەلگىچە جان بەرمە.

مەن دوپپىچى بولسام، كىشىلەر باشسىز تۇغۇلاتتى.

نۇر ئۇستىگە نۇر.

پاقىنىڭ بەختىدىن شۇڭقارنىڭ شورلۇغى ياخشى.

پىشكەل سوزلەپ كەلمەس، كوزلەپ كېلەر.

تەلەيدە بوڭ - بوڭ.

قازا قاتراپ كەلمەس، بالا موڭرەپ.

قىرىققا چىدىغان قىرىق بىرگىمۇ چىدايدۇ.

## ئەدەپ ــ ئەخلاق ۋە تەربىيە توغرىسىدا

ئاتنى ئۆگەتمەكچىن سوك ـ سوكقا.
ئاغزىڭنى ئۆگەتمەكچىن كوت ـ كوتقا.

بالاڭنى مەكتەپكە بەر،
بولمىسا مەشرەپكە (بەر).

ئېشەكنى كەينىدە، تەخىنى ئالدىدا.

ئېشەككە ئوك ـ سولدىن مىنگەنىنىڭ
پەرقى يوق.

ئېشەكنى ئۆرغانغا ئات بولماس.

ئىچتىم شاراپ، بولدۇم خاراپ.

چۈمۈلىنىڭ پۇتىدىن ئۆگەن،
قۇشقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمە.

رازى بولمىغان ئاش قوساق ئاغرىتار.

سۇ ئىچكەن كولىغا تۈكۈرمە.

تۆرقى ئىنسان، قىلىقى ھايۋان.

تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەلىم ئال.

ياخشىدىن ئۆگەن،
ياماندىن يىرگەن.

## ياشلىق، قېرىلىق ۋە ئۆمۈر توغرىسىدا

بالا كۆرگەننى دورايدۇ،
قېرى كۆرگەننى سورايدۇ.

بالىلار چوڭ بولۇشنى ئويلىسا،
چوڭلار ياشىرىشنى ئويلايدۇ.

بوۋاي قويغىنىنى بىلمەس،
موماي تۇيغىنىنى (بىلمەس).

مەنىسىز ياشلىق — سايدىكى تاشلىق.

ساقالىڭنىڭ ئېقى بار،
بالىلىغىڭ تېخى بار.

ئۆي قېرىسىمۇ، مۆڭگۈزى قېرىماس.

ياش كوچەتنىڭ مېۋىسى سەرخىل.

ياشلار ئويۇنغا ئامراق،
قېرىلار ئۇيقۇغا.

ياشلىغىڭدىن ياخشى بول.

ياشنىڭ سەتى-يوق،
قېرىنىڭ چىرايلىغى (يوق).

يەڭمەت كوڭلى پادىشا.

يول يۈرگەندە ئېتىڭ ھارمىسۇن،
قېرىغاندا ئايالىڭ ئولمىسۇن.

يورغا مىنگەن يولدىشىدىن ئايرىلار،
كوپ ياشىغان تەڭتۇشىدىن.

قېرىلىق ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرار.

قېرىنىڭ قېقى تۇگىمەس.

قېرىغاندا كوڭۇل گادىيى بولۇپتۇ.

ئەللىك — سەندىن كەتتى مەنلىك.

يۈز — ئۇمىتنى ئۈز.

ئولمەسنى خۇدا ياراتماس.

ئومۇر — ئاققان سۇ.

## تازىلىق، سالامەتلىك ۋە كېسەللىك توغرىسىدا

باشنىڭ خوۋلۇغى دوپپا بىلەن تەلپەك؛
قوساقنىڭ خوۋلۇغى پولا بىلەن چەلپەك.

بېشى ئاغرىمىغاننىڭ خۇدابىلەنكارى يوق.

بىر تال ماياق بىر قازان ئاشنى بۇلغايدۇ.

دۇنيادا نىمە تولا — تېۋىپ تولا.

گال— تۈۋى يوق غار.

خەت، خالتا — تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى.

كېسەلنى بولۇشۇۋالغىلى بولماس.

كېسەل پاتمانلاپ كىرەر، مىسقاللاپ چىقار.

كوپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر،
كوپ يۈرگەن يولچى (بولۇر).

كوزدىن قۇلاق سادىغا.

نان تۇرۇپ قالسا سۇغا يۈگۈر،
سۇ تۇرۇپ قالسا گورگە (يۈگۈر).

ئۇماچ ئىچتىم توق،
ئورە قوپسام يوق.

پۇل كېسەلگە دورا بولماس.

چاشقان ئېيتار: شاھ بار، گاداي بار،
پوقۇمنى يېمىگەن كىم بار.

چېچەكنىڭ ئېتى يامان،
قىزىلنىڭ يېلى (يامان).

Altunoq

چىشنىڭ دوردىسى ئامبۇر،
ئۆپكىنىڭ دوردىسى چامغۇر.

سېمىزلىك ئىككى پۇتقا يۈك.

سىڭمىگەن پولادىن سىڭگەن ئۇماچ ياخشى.

توخۇ سەمرىسە تۇغمىغى تەس،
ئادەم سەمرىسە قوپمىغى (تەس).

تۇغۇت ئازاۋىنى ئانا بىلەر.

ياتقانمۇ ئاغرىق،
ئۇنى باققانمۇ ئاغرىق.

يىغىر قەيەردە — چىۋىن شۇ يەردە.

ھاراق پادىشادۇر، مۇسەللەس ۋەزىر،
بوزا پاسكىنادۇر، نەشە بىنەزەر.

قاغا چىگىدىنى يىمەك،
مەيدەم ئاغرىدى دىمەك.

ئەتىگەن تۇرساڭ ئالدىڭدىن كۈن چىقار،
كەچ تۇرساڭ ئالدىڭدىن تۈن چىقار.

ئۆلۈمگە يىغلىغىچە،
كېسەلگە سەۋەپ قىل.

## تىل ۋە گەپ ــ سوز توغرىسىدا

ئادەم تىلىدىن كېتەر،
ھايۋان مۈڭگۈزىدىن.

ئاتا ــ ئاناڭغا دېيەلمىگەن گېپىڭنى
ھورا بېشىغا يېزىپ قوي.

بىر گېپى زىخ، بىر گېپى مىخ.

گەپتە گەپ بار،
قوساقتا دەرت بار.

كوسىيىنى ئۇزۇن قىل،
گېپىنى قىسقا (قىل).

«ماقۇل»غا جاۋاپ يوق.

نانىنى چايناپ يە،
گېپىنى ئىزىلاپ دە.

چىش توكۇلۇپ، تىل قالدۇ.

ساتىمدا قىلغان گەپنى سارايدا قىلغىلى بولماس.

سوزلىگەن سوزۇمگە مەن ئىگە،
سوزلىمىگەن سوزۇم ماڭا ئىگە.

سوزلىسەم «تاق - تاق» دەيسەن،
سوزلىمىسەم ئاخماق دەيسەن.

سوزلىسەڭ سوز چىقار،
چوقىساڭ كوز (چىقار).

تۇڭلۇك تۇۋىدە سوزلىمە،
تۇڭلۇك ئارقىسىدا كىشى بار.

يۇزۇمگە قارىما، سوزۇمگە قارا.

قۇرۇق گەپكە قوساق تويماس.

## ھەمكارلىق، ئادەمگەرچىلىك ۋە نائەھلىلىك توغرىسىدا

ئادەمگەرچىلىك كىچىكلىكتە يەردە.

ئالدىدا قول قىسىشار،
ئارقىدىن تاش ئېتىشار.

ئاشتىن يامانلىغان تاۋاق چاقىدۇ.

ئىككى ئېشەك بولسا بۇخارادىن مۇز توشۇپتۇ.

ئىت قىلغاننى ئىت ئىگىسى قىلماپتۇ.

كالپۇك بولمىسا چىش توڭۇپتۇ.

كېۋەزنىڭ يىپ بىلەن نىمە ئىشى.

كورسە ھالى يوق،
كورمىسە كارى (يوق).

مەن كۆلۈپ بولغىچە،
سەن تىلىقىپ تۇر.

مەقسەت يىمەك ــ ئىچمەك ئەمەس،
قوساق تويغۇزماق.

پۇت پۇتقا ھەمرا، قول قولغا.

شام ئۆز يېپىنى كويدۇرەر.

ياخشىلىق قىل، يامانلىق كۈت.

يېتىمنىڭ ئاتىسى بول،
غېرىبنىڭ يوتىسى (بول).

ھارغاندىن ھال سورا، گەپ سورىما.

قارنىم ــ خالتام، كوتۇم ــ بوخچام.

قوشۇق بولۇپ يالىشىپتۇ،
ئىت بولۇپ تالىشىپتۇ.

ئۆزەمنىڭ دىسەم، ئوكۇزدەك كۆچۈم بار؛
كىشىنىڭ دىسە، ئانچە ـ مۇنچە ئىشىم بار.

## تــۆرلۈك جىسمانى ئەيپلەر تــوغرىسىدا

ئاقساق يول تالىشار،
پەخسەق پۇل (تالىشار).

بىر كوزى قاسساپتا، بىر كوزى ناۋايدا.

گاس ئەككى كۆلىدۇ:
خەقنىڭ كۆلگىنىگە قاراپ بىر،
ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە بىر.

خانغا يارىغان ئېشىم تازغا يارىماپتۇ.

ئەج مايماقنى ئېلىپ قاچ،
تاش مايماقنى تاشلاپ قاچ.

ئەشىمنى ئاز دىمەڭ،
بېشىمنى تاز دىمەڭ.

مايماق تۆكۈرنى دوراپتۇ.

ئون تازنىڭ توققۇزى ھەييار،

ئون سوقۇرنىڭ توققۇزى مەككار.

ئورۇق ئات سەمرىسە خۇرجۇن ئارتقۇزماس.
كېكەچ سوزلىسە ئېغىز ئاچقۇرماس.

پوقاققا ياقا ياراشماس.

چاپاقنىڭ كوزىدىن ياش قۇرۇماس،
ماڭقىنىڭ بۇرنىدىن قاقاچ (قۇرۇماس).

سوقۇرنىڭ ھەلىسى شەيتانغا دەرس.

سوقۇر — يوقنى ئوقۇر.

تازنى خوجام دەپتۇ، پاخشەكنى خېنىم.

تازغا مەنسەپ تەگسە، چەللىدە ئات چاپار.

توكۇرنىڭ يولى كوپ،
گاچىنىڭ گېپى (كوپ).

توكۇر ئۇسۇلچى،
گاچا غەزەلچى.

ھاسا — قارغۇنىڭ كوزى.

قارغۇنىڭ چاپاق ئادىتى بار.

[illegible]

[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]

[illegible]

[illegible]
[illegible]

[illegible]

كويگەنگە كوي، كورۇنگەنگە كويمە.

كوڭۇل دېگەن پادىشا،
كويۇپ قالسا تارتمشار.

كۇندۇزى ناخشا ئېيتقان دەردى بار كىشى،
كېچىسى ناخشا ئېيتقان يارى بار كىشى.

مىلك پىراقىڭدىن بىر ئەلىمىڭ يامان.

مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر.

مەيلى بارغا مايىل بول.

ئوتمغا چىدىغان ئوينايدۇ،
پۇلىغا چىدىغان چاينايدۇ.

ساغاندا سانى كوردۇم،
يەكەندە يارنى (كوردۇم).

سويگەن ئوتتەك ئىسسىق،
سويمىگەن پوقتەك سېسىق.

سويمەك ئاسان، كويمەك تەس،
كۇلمەك ئاسان، ئولمەك تەس.

يار ئۆتمىنىڭ يارىسى يوق،
ياردىن باشقا دورىسى يوق.

ياغاچ پىچاققا تومۇر غىلاپ.

ھارۋىنىڭ جابدۇغى پۈتمەس،
خوتۇن كىشىنىڭ كېيىمى (پۈتمەس).

ھەپسەلى يوق كۆيۈك ئۆتمەدىن،
جەدەللى يوق كوڭۈل تېچلىغى ياخشى.

قارا قىز سوپۇنغا ئامراق.

ئۆلۈمدىن قورققان ئاشىق ئەمەس.

Altunoq

## تۆرمۆش، ئائىلە تاۋابىئات ۋە خوشنىدارچىلىق توغرىسىدا

ئالدىدىكى ئوزنى كورمەي،
يەراقتىكى ياتنى كورۈپتۇ.

«ئانا»دىن ئۇلۇغ سوز يوق.

ئانىسى ئويلاپ يۇرىدۇ،
بالىسى ئويناپ (يۇرىدۇ).

ئانىسى پۇتمىسە قىزى پۇتمەس.

ئانىسى تەپكەن موزاينىڭ جېنى ئاغرىماس.

ئاتامدا بولغىچە، ئالقىنىمدا بولسىچۇ.

ئات ئاتىدىن، ئادەم ئانىدىن.

ئاتاڭ ئولگىچە ئېتىڭ ئولسۇن.

ئاتىنىڭ ھورى بالىنىڭ دولىسىنى ئىسسىتماس.

ئات ئورۇقلۇقتا بۇزۇلار،
خوتۇن غېرىپلىقتا (بۇزۇلار).

بالا ئانىسىنى يامان دىمەس،
ئىت ئىگىسىنى گاداي دىمەس.

بالا ئۆمىلىگەندە ئۆمىلىتەر.

بالاڭغا بېرىپ باق،
ئارقىدىن تىلەپ باق.

بالىنىڭ بېشى بايلىق.

بېرىغا خوتۇن ئىگە،
يوقىغا ئەر (ئىگە).

بىر باشقا بىر بوك لازىم.

بىر — كالىسى بار پاتمايدۇ،
بىر — بالىسى بار (پاتمايدۇ).

بوۋاق دادىنى ئۈچ كۈندە تونۇيدۇ.
ئانىنى قىرىق كۈندە.

ئېشى يارىسا، قاچىسىغا قارىما،
قىزى يارىسا، ئانىسىغا (قارىما).

خانىۋەيران قىلسا قىلسۇن،
داغى پەرزەنت قىلمىسۇن.

خوتۇن غار بولسا، ئەر خار بولۇر.

جان ئوت، جان ئەر.

جىگدىدىن گۆلە تاتلىق،
بالىدىن نەۋرە (تاتلىق).

كېلىن بولسىڭىز كېلىڭ،
بولمىسىڭىز كېتىڭ.

كىچىك بالا — يېنىپ تۇرغان چىراق.

كىچىك بالىنىڭ بانىسى لەگىلەك،
خوتۇن كىشىنىڭ بانىسى ئەگلەك.

كوپ خوتۇن ئالغانىنىڭ كۈنى تەس،
كوپ ئەرگە تەككەنىنىڭ كوڭلى پەس.

مىكىميانىنىڭ ئۆيى ـ پىكرى بىر سىقىم تېرىق.

مەن ئوزەم ئاتامچە بار،
ئاتام مېنىڭ پوتامچە بار.

ئەكا غايىپ، رىسق غايىپ.

ئولتۇرغان قىز لايىقىنى تاپار.

ئورۇقلۇققا كالا ئۆلمەس،
يېتىملىككە بالا (ئۆلمەس).

ئوتۇن ئوبدان — خوتۇن ئوبدان.

ئوغۇل تاققا ئوخشار، قىز ئالمىغا.

ئوغۇل ئۆيلەنگەندىن قىز ئال،
قىز چىقارغانغا قىز بەر.

پۇلسىز ئەر خوتۇنغا جىن كۆرۈنەر.

چوجە باققان توخۇنىڭ مەيدىسىدە تۈكى يوق.

سىلاپ بېقىپ سىلىغىڭدىن بىلدىم،
تىڭشاپ بېقىپ تىنىغىڭدىن بىلدىم.

تۇنجى تۇغۇتنى ئېرى تۇغدۇرۇپتۇ.

تۇغۇلغاننىڭ رىسقى بىللە تۇغۇلار.

تۆققاندىن يامانلىغان ئەقىلنىڭ يوقلۇغى،
تاماقتىن يامانلىغان قوساقنىڭ توقلۇغى.

تۆققاننى تاشلىساڭ يات بولۇر.
تومۇرنى تاشلىساڭ دات بولۇر.

تۆققان تۆققان بىلەن تېپىشار.
ياتقا بالا يېپىشار.

توت بۆلۈك، بىر كۆلۈك.

ياغ يىگەندە يات،
دەرت تارتقاندا قېرىنداش.

يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ ئۆلگىنىڭ تىنماس،
يېقىندىن خوتۇن ئالساڭ قۇلىغىڭ(تىنماس).

يىتىمنىڭ كوڭلى يېرىم،
قىش - ياز ئەگلى يېرىم.

يولۋاسنىڭ ئارقىسىدىن يۈرسەڭ يۈر،
خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈرمە.

ھەر كىم ھەر كويدا،
تاز خوتۇن ئەر كويىدا.

قاناتلىققا قاقۇزمايمەن،
تۇمشۇقلۇققا چوقۇتمايمەن.

قازاننىڭ ھورى يامان،
يېتىمنىڭ زارى (يامان).

قازنى باشقىنىڭ قايغۇسى باشقا.

قىز بالا — سالما تېشى.

قىز چوك بولسا گەپ تولا،
ئوغۇل چوك بولسا نەپ (تولا).

قۇداگەدىن قىرقىنچە خۇدادىن قورق.

ئۆز ئوزنى يامان دېسە،
ياتنىڭ مېھرى قېچىپتۇ.

## مەجەز، خۇلۇق ۋە كىشى تەبىئەتى توغرىسىدا

ئادەتنىڭ دورىسى يوق،
مەجەزنىڭ مورىسى (يوق).

ئالدىدا ياپلىسى يوق.
كەينىدە قۇيرۇغى (يوق).

ئالتۇن چىشلىق كۈلگۈنچەك،
دىلى يۇمشاق كوكۇلچەك.

ئات ئېشەكنىڭ خۇيىنى ئالار،
ئېشەك ئاتنىڭ خۇيىنى ئالماس.

ئاغزى ئوچۇق ئاچ قالماس.

بارچە ياخشى، مەن يامان،
بارچە بۇغداي، مەن سامان.

باتۇر ساراڭدىن قورقار،
ساراڭ مۇتىھەمدىن.

بەجەنەم خوتۇن چاي قـايناتقىچە،
چاققان خوتۇن ئاش پىشۇرار.

بىر ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىر تاغار
تۇزنى بىللە يېيىش كېرەك.

بىر ياماندىن قىرىق، بىر يۇۋاشتىن.

بۆرىگىدەك ئەيمۈدم تۈگىدەك كورۇندى.

ئېرىدىگىدىن يامانلىساي،
ئەيمۇدىگىدىن يامانلا.

ئېشەك ئالدىغا چۈشۈۋالسا،
ئاتنىڭ مېڭىشى بۇزۇلار.

گوش ئەمەس ياكى بەز ئەمەس.

ئىككى ياخشى بىر بولسا تېچلىق تىلەيدۇ،
ئىككى يامان بىر بولسا پىچاق بىلەيدۇ.

ئىت دىسەڭ قۇيرۇغى يوق،
ئۇشكە دىسەڭ مۈڭگۈزى (يوق).

كونگەن كوڭۇل كومۇلگىچە.

كوز ئىسسىق، يۈز توڭماس؛
چىش سوغاق، ئىغىز كويمەس.

كوڭلى زەھەرنىڭ قولىمۇ زەھەر.

مەن پۈتۈمنى ياراتمايمەن،
پۈتۈم مىنى ياراتمايدۇ.

ئوت تەپتىدىن بىلىنەر،
ئادەم ئەپتىدىن.

پاختەكتە بار كۆڭۈل تورغايدا يوقمۇ؟

پۈل تاپتىم ياخشى بىلەن بىيىشكىلى،
يامان بىلەن دىيىشكىلى.

سىركىسى سۇ كوتەرمەس.

سەنىڭ گىمنى بىلمىدۇرمىگەن خۇشخۇيلۇغۇم.

تىزەكنى قوزغىساڭ سىسىغى چىقار.

توخۇ قونداقا چىققاندا ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ.

توڭگۇز دۈمبا بىلەن سەمرىيدۇ.

توڭگۇز تېرىسى سېسىقلىغىدىن ئاش يەر.
ئادەم تېرىسى ئۇلۇغلۇغىدىن.

ئۇرۇشقاق خوتۇن تۇل قالۇر.

ئۇششۇق ئادەم ئالۋاستىدىن يامان.

ياخشى ئاتنىڭ تۇيىغىدىن چاڭ چىقماس.

ياخشى ئىت ئۇلۇگىنى كورسەتمەس.

ياخشىنىڭ ئايىغىدا قۇرۇت ئولمەس.

ياخشىنىڭ ئىزى قالىدۇ،
يامانىنىڭ ھېزى.

ياخشىنىڭ يولى يەتتە.

ياخشىغا ياندىش، ياماندىن قاچ.

ياخشىغا يېتىشمەك تەس،
ياماندىن قۇتۇلماق (تەس) .

ياماندىن جىن قورقار.

يامان كالا ياردا موزايلاپتۇ.

يامان كۆنلەر ياخشى بولۇر،
يامان ئادەم ياخشى بولماس.

ياماننى ئايىساڭ ياخشىلىق يوق.

يامان ياماندىن قورقار،
كەتمەن ساماندىن.

زىرەك زىيانغا ئۇچرىسا، ھۇشىدىن كېتەر.

ھاۋانىڭ يامىنى كېتەر،
ئادەمنىڭ يامىنى كەتمەس.

قارغىشچى ئېغىزغا قاغا چىچسۇن.

قىزغانچۇق كىشى خۇدانىڭ
سېخىلىقىدىن قىزغىنار.

ئۆدەك دەيدىكەن: كوتۇم ئامان بولسا،
ھەممە كولنى سېستارمەن.

ئوزى مۇزلۇقنىڭ گېپى تۇزلۇق.

## توي ـ توكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم ۋە مېھماندوستلۇق تــوغرىسىدا

داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات.

خۇشمۇ ـ خوش، داڭقاندا گوش.

كورپە سېلىش — ھۆرمەت،
داستىخان سېلىش — ھىممەت.

كۆزدە توي تولا، ئەتىيازدا ئۆلۈم.

مېھمانلارنى كايىتىپ،
دوك تاۋاقنى يېپىتىپ.

مېھماننىڭ كېتىشىنى سوردىما، كېلىشىنى سورا.

نەشپۈتنى نەۋرەڭگە قوي،
شاپتۇلنى مېھمانغا.

سالامچى بولساڭ تورگە ئــوت.

تۆينىڭ تاماشىسى ئاز، تالىشى تولا.

توي نەغمە ـ ناۋا بىلەن،
ئۆلۈم يىغا ـ زارە بىلەن.

تۇغۇلمىغان بولساڭ ئۆلمەيتتىڭ.

يىغىسى يوق ئۆلۈم بولماس،
كۈلكىسى يوق توي (بولماس).

ئۆلۈككە يىغلا، تىرىككە ئاسرا.

ئۆلۈك ئۆيدىن چىقار،
ئورنىغا سەۋرى كىرەر.

ئۆلۈمگە ئاغۇ يوق،
ئۆلگەنگە قازا (يوق).

ئۆيىنىڭ توردىگە قاردما،
ساھىپخانىنىڭ تەردىگە قارا.

❀❀❀❀❀◁*▷❀❀❀❀❀

## سەپەر ۋە يولداشلىق توغرىسىدا

ئاتلىق يالغۇز ماڭغىچە،
پىيادە بىللە ماڭ.

بىر سوزلىشىپ مۇڭداش دىمە،
بىللە مېڭىپ يولداش دىمە.

ئىت قاۋىغان يەردە ئادەم بار.

كۆڭلۈڭ يولغا چىقساڭ،
ئايلىق ئوزۇق ئال.

ماڭغاننىڭ يولى تۈگەر،
ئولتۇرغاننىڭ كۈنى ئۆتەر.

پىيادىنىڭ ئېتى چورۇق،
ماغدىرى ئوزۇق.

چولدە ئۇسسۇزلۇق يامان،
يولدا يالغۇزلۇق (يامان).

سەپەر قىلغان يول بىلەر،
كۆپنى كۆرگەن مول بىلەر.

يول سورىغان يولدىن ئازماس.

يولنى يۈرگەن يېڭىدۇ.

يول يۈرسەڭ باشقا چىق،
سۇ ئۈزسەڭ قاشقا چىق.

## ھايۋانات ۋە نەرسىلەر توغرىسىدا

ئات ئالساڭ مىنىپ كور،
چىنە ئالساڭ چېكىپ كور.

ئاتنىڭ كىشنىمەيدىغىنى يوق،
ئەتنىڭ چىشلىمەيدىغىنى (يوق).

ئاتنىڭ نوختىسى ئېشەككە توغرى كەلمەپتۇ.

**ئاتنىڭ زىنىنى ئىگەر، توقۇم.**

ئات ياتقا كىشنىمەس.

ئېشەكىم ئوبدان ئېشەك،
كوتىرىشى توت تال كېسەك.

ئېشەك كۆل كورسە ئېغىنايدۇ،
سۇ كورسە داجىيدۇ.

گوشمۇ گۆش، ئۆپكىمۇ گوش.

ئىت تويغان يەردە ئۇخلار،
قۇش قونغان يەردە.

ئانىنى تونۇرغا ياق،
ئاتىنى ئوقۇردا باق.

ئوبدىنى كالا، يامىنى تۈڭگۈز.

چېلەك ئالساڭ، بالداق لازىم.

توخۇ، توشقان مال ئەمەس،
كاۋا، قاپاق تال ئەمەس.

يېيىشلىك ئات هارماس.

زاغرا نان قېتىققا ياخشى،
قېرى كالا پېتىققا.

قۇرۇق توغرا ئاتنى ئوسۇرغاق قىلار.

ئوشكە تاغدا پۇل، ئۈزۈم باغدا.

## تۆرلۈك ئىجتىمائى ئەھۋاللار تـوغرىسىدا

ئالۋاستىغا كەلىمە تەمجىت.

ئالۋاڭغا گالۋاڭنى تۇتۇپ بېرىپتۇ.

ئاتا قىساسى بالىغا مىراس.

ئاغرىق نەدىن كىلەر — ئاشتىن،
بالا نەدىن كىلەر — قاياشتىن.

بېگىم مانتا يىسە، مەن پىياز كېكەردىم.

بوش كەلسە، بويىنىغا مىنىپتۇ.

دايىمدى داپىلىغىلى،
كەتمەنىمدى ساپىلىغىلى.

دوتەي بولىمىسا پوتەي بولمايتتى،
پوتەي بولمىسا قاغا قونمايتتى،
قاغا قونمىسا ئېتىم ئۈركۈمەيتتى،
ئېتىم ئۈركۈمىسە دادام ئولمەيتتى.

ئىتنىڭ قاۋىشى بىلەن پىلنىڭ نېمە ئىشى.

ئىشلەتسەم قۇلۇم،
ساتسام پۇلۇم.

چېنىدىن تويغان جاھانغا سىغماس.

چەددالىنىڭ توقۇمى پۈتمەس.

ھۈنارنى يېتىمگە يولىتىمەك،
چېنىنى مۈشۈككە تولىتىمەك.

پادىشا بىلەن پادىشا
ئۆز ئالدىغا تارتىشار.

پادىشانىڭ قۇيرۇغى ئۇزۇن، قىرلتۇغى كەلتە.

پادىشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ.

پىچاق دەستىسىنى كەسمەيدۇ.

پۇقرا يۇمشاق بولسا «تۆلۈغ» يەيدۇ،
ياغاچ يۇمشاق بولسا قۇرۇت يەيدۇ.

چوڭ بېلىق يېنىدا كىچىك بېلىققا كۈن يوق.

رەھىمسىزنىڭ قولى قان.

تېرىمىغاننىڭ چارىگى چوڭ.

تەردىگەم بىرنى ئۆلتۈرەر، ئۆلۈگۈم مىڭنى.

تولا سايرىغان بۇلبۇل قەپەزگە چۈشەر.

توشقان ئۆلسە، تۈلكە ھازا تۇتۇپتۇ.

تۆگىنى ئىككى يەردىن بوغۇزلايدۇ.

تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا،
ئۆشكىنى ئاسماندا كۆرۈڭ.

تۆگە ئېتىز بۇزسا ھېچ گەپ يوق،
توخۇ پالاقلىسا ۋاراڭ - چۇرۇڭ.

ئوغرىلى بولماس خوجىنى،
خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى.

ئوغرىنىڭدىن ئىقتىغىنىڭ ئۆتتۈپ كەتتى.

ياخشى مۇلۇك ھېكىمىنىڭ،
بۇزۇلغاندا ھەچكىمنىڭ.

ياغ ئالسىمۇ ياغلىق قاپاق،
ياغ ئالمىسىمۇ ياغلىق قاپاق.

يىمەك ـ ئىچمەك ئۈزەڭدىن،
ئايلىغىلىق ئوتتۇز كۈن.

يولى باشقىنىڭ نىيىتى باشقا.

يۇۋاش بولسا بوش دىمەك،
يۇمشاق بولسا گوش دىمەك.

زاردىم بار، زورۇم يوق،

زۇلۇم بار يەردە ئۇلۇم بار.

ھالى يەتمىگەن خۇداغا يىلىنار.

ھىچ نەدە يوق بۇ غوغا،
نەدىن كەلدى بۇ دوغا.

ھوكۇمنىڭ قاتتىقلىغىدىن يىكەن قوزۇقە يەرگە كىرىپتۇ.

قىرىق ئاشچىدىن بىر باشچى ياخشى.

قويىنى سەركە باشلايدۇ،
ئويۇننى ئەركە.

ئەتە كېلىڭ، ئوگۈن كېلىڭ،
ھەل بولمىسا سەۋرى قىلىڭ.

ئوچ كورگەننى ئوتتۇز قېتىم كورۈپتۇ.

ئوچ كورسەڭ ئوچەكىشىدۇ،
تار يەردە تىرەجىشىدۇ.

## بايلىق ۋە كەمبەغەللىك توغرىسىدا

ئاچلىقنى ياستۇق كۆتىرەر.

ئاچ نېمىنى يېمەس،
توق نېمىنى دېمەس.

ئاسمان يېپىنچا، يەر سېلىنچا.

بالا بەش، نان تۆت،
بىردىن بەرسە يەتمەيدۇ،
يېرىمىدىن بەرسە تويمايدۇ.

باي بولسا بۇلۇپ بەرمەس،
گاداي بولسا ئۆلۈپ (بەرمەس).

باي گۆش يېسە قارنىغا كىرەر،
كەمبەغەل گۆش يېسە چىشىنىڭ ئارىسىغا.

بايلىق قاچقان كىشىنى قوغلار،
قوغلىغان كىشىدىن قاچار.

بارنىڭ خىجالەتچىلىكىدىن يوقنىڭ خىجالىتى يامان.

باينىڭ كۆشۈگىدە سۆز توختار.

باينىڭ مېلى — كەمبەغەلنىڭ كۆز يېشى.

باي سېغىنغاننى يەر،
كەمبەغەل تاپقاننى.

بايغا تەڭلىك يوق،
چىرايلىققا ئەڭلىك (يوق).

دۆلەت يۈزى ئاق،
مەينەت يۈزى قارا.

ئېشەك باينىڭ، تاغار باينىڭ،
يىقىلسا يۆلىمەيمەن،
ئۆلسە تولىمەيمەن.

كىيىمنىڭ يوقىدىن يىرتىق بولدۇم،
كىشىنىڭ يوقىدىن ئىت بولدۇم.

كەمبەغەل بالىسىنى ئويلايدۇ،
باي مېلىنى (ئويلايدۇ).

كەمبەغەل باي بولسا، نامراتلىغىنى قىلار،
باي كەمبەغەل بولسا، بايلىغىنى قىلار.

كەمبەغەل گۈل قىسسا، تىكىنى بايغا سانچىلار.

نامراتنىڭ نېنى يانچۇغىدا.

پېقىرلىق تىلەمچىلىككە ئۈندەر.

پۇلى بارنىڭ يولى بار.

چوڭ دەرەخنىڭ سايىسى كەڭ يەرگە چۈشەر.

سۇ سايىنىڭ، يەر بايىنىڭ،
ئاسمىنىڭغا ئاگاھ بول.

تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.
تاپقىنى قوي ئولتۈرەر،
تاپمىغىنى چوجە خوراز.

تونلۇققا كوپ سوغاق،
تونسىزغا ئاز سوغاق.

توقلۇقتىن شوخلۇق چىقار.

شامال يەپ، بوران كېكەردىپتۇ.

يوقسۇللۇق مەرتىنىڭ قولىنى باغلايدۇ.

هالاللىقتا توخۇسى يوق،
هاراملىقتا مۈشۈكى (يوق).

ھورى تۈگەپ، شورى قالدى.

قېتىق نانغا ئۆلگۈرمەپتۇ، نان قېتىققا.

## سېخىلىق، بېخىللىق، ئىنساپ ۋە ئاچكوزلۇق توغرىسىدا

ئاچ ئىتقا ئاش بەرسەڭ، تـوق ئىت خىقىرار.

ئاقچىنى ئالساڭ، كوكچىنى قوي،
سويىمنى ئالساڭ. پېلىگنى قوي.

بېخىل ئالغاننى ئۇنۇتار،
سېخى بەرگەننى.

بېخىل باي بولسا، ئاتىسىنى تونۇماس.

بولغانسېرى بولغۇسى كېلەر.

ئىنساپ ئىماندىن ئۇلۇغ.

ئىچمىگەدىن يىلان چىقسا بېلىمگە ئورا.

كىشىنىڭكىنى بۇلاپ ـ تالاپتۇ،
ئوزىنىڭكىنى سىقىپ يالاپتۇ.

كۆزى توقنىڭ ئۆزى توق.

مىخنى ئايىساڭ، تاقىدىن ئايرىلىسەن.

سۈت ــ زەھەر بولسىمۇ يۇت.

پىتىنىڭ ئۆچىيىگە ھېسىپ قويۇپتۇ.

سېخى خەيرى قىلسا، بېخىل قان چىچار.

سېخىنىڭ ئېشىگى ئېچىلىپ تۇرار،
بېخىلنىڭ ئېشىگى يېپىلىپ تۇرار.

سېخىنىڭ كۆلكىسى بېخىلنى يىغلىتار.

ئوتسۇن ــ ئوتىمىسۇن، بىلەپ بېقىڭ،
بەرسۇن ــ بەرمىسۇن، تىلەپ بېقىڭ.

## سودا ـ سېتىق ۋە ئېلىش ـ بېرىش مۇنا ـ سىۋەتلىرى توغرىسىدا

ئالماقتىن بەرمەك ئەلا.

ئالسا بازارى،
ئالمىسا سازايى.

ئالغىچە سوزنى كورۈك،
بەرگىچە كوزنى (كورۈك).

بازاردا سالام يوق،
نامازدا تەكلىپ (يوق).

بازار ـ چاقىرا لىنىمك،
ئوشكە ـ باقىرا لىنىمك.

بەرگەن خۇداغا يېقىن،
بەرمىگەن گۇناغا (يېقىن).

بەرسە قولىدىن ئالار،
بەرمىسە يولىدىن.

دۇتار چالدىم يۇسۇپ ئـەخمەتكە،
ھىچنىمە كەلمەس قۇرۇق رەخمەتكە.

«ئېلىپ»نىڭ مەنىسى «بە» دىمەك.

موللىغا مەيسە ياخشى،
ھەممىگە بەرسە ياخشى.

نېمىدىن تەلىيىم يوق.

نېمىنى دەپ نەقتىن قۇرۇق قايتۇ.

ئوقەت قىلغان ئەيىپ ئەمەس.

پۇل تاپقىچە ھىساپ تاپ.

پۈتمىگەن قەرزگە پوق ئال.

يىگىت قەرز كوتىرەر،
ئۆلۈك توپا (كوتىرەر).

ھىساپنىڭ سىرتىدا ئىش يوق،
كالپۇكنىڭ سىرتىدا چىش يوق.

ھەپتىنىڭ ئالتىسى «بەە، بىرى «ھەە».

ھەردىمۇ شىردىسى بار يەرگە قونىدۇ.

قاسساپ: تـوت سەركەم بار، دەپ ئۆلەر،
جۇۋىدار: نىمشەك كەم، دەپ ئۆلەر.

قولى بىلەن ئېلىپ، پۇتى بىلەن بېرىپتۇ.

قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا.

قەرزدارنىڭ قەۋرىسى يوق.

قەرزى بار كىشىنىڭ يۈرىگىدە دەزى بار.

ئوتمەس ماتار، زورلاپ ساتار.

## تۇرلۇك پەندى نەسىھەتلەر

ئالدىڭغا ماڭساڭ كەينىڭگە قارا.

ئاپەت كورمەي دىسەڭ هوشيار بول.

ئاسرىساڭ كۆندە يېڭى كىيىم،
ئاسرىمىساڭ كۈندە كونا كىيىم.

بېشىڭ قاتسا تامغا ئۇس.

بىر قولۇڭغا ئوت ئېلىپ يۈر،
بىر قولۇڭغا سۇ.

دوڭنى كورۇپ تاغ دىمە،
گۆلنى كورۇپ باغ (دىمە).

كىشىگە قىلساڭ ياماتلىق،
ئوزەڭگە تاپمايسەن ئاماتلىق.

كوننى يامان كىمي،
يېڭىنى ئاياپ (كىمي).

ئوتقا* قاراپ تومۇر سوق.

ئويدا ياتماي، دەڭدە يات.

ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىمە.

تام ياقىلىساڭ تام باسار.

تووا قىلغانغا توگە بەر.

ۋەجىڭگە بېقىپ خەجىلەڭ بولسۇن.

قايناق سۇ ئىچ، كوڭلۇڭ تىچ.

ئەسكىنى ئەپلىگىچە ئېسىلڭ كېتەر.

ئوچ بولماڭ، مۇپتىلا بولۇرسىز،
ئامراق بولماڭ، جۇدا بولۇرسىز.

## ناتوغرا كەسپ ۋە يامان ھەۋەسلەر توغرىسىدا

ئالدىرىغاندا مىلىك گۇمان،
ئالغاندا بىر گۇمان.

بەڭگى قەلەندەر، ئوغرى قىمارۋاز.

كورسە ئويۇن، كورمىسە قويۇن.

مەسلىك ـ پەسلىك.

ئوغرى بېشىدا ئوت كويۇپتۇ.

ئوغرىلىق قىلسام تۇتۇۋالدۇ،
قىمار ئوينىسام ئۇتۇۋالدۇ.

ئوغرى مال كويىدا،
قوشناچىم گال كويىدا.

ئوغرى ئوق يەيدۇ،
بالىلىرى پوق ( يەيدۇ ).

ئوغرى تۇتۇلار، قىمارۋاز ئۇتۇلار.

تۈگمەننىڭ بۆرغىسى تۇتسا، خۇدىنى بىلمەس.

قاراقچى خالى يەردە ئالار،
يانچۇقچى توپ ئىچىدە.

ئەسكىلىك قىلاي دىسە،
ئېشەك تېزىگى دالدا بولۇر.

AltunOq

## دىنىي ئېتىقات ۋە موللا توغرىسىدا

ئالتۇن ئالما، دۇئا ئال.

ئاتىنىڭ سالتىگى يورغا بولۇر،
ئادەمنىڭ سالتىگى موللا (بولۇر).

بالاغا قالغان قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەت.

ئىشانىنى دەپ ئېشەكتىن ئايرىلدىم.

موللا ئېلىشنى بىلەر، بېرىشنى بىلمەس.

موللامنىڭ ئاغزى دۇئادا، كوزى قۇيماقتا.

موللا تاماخور كېلىدۇ، ئوغرى گۇمانخور.

چالا موللا ۋاراقلايدۇ،
ئەگرى نوغۇچ تاراقلايدۇ.

توخۇنىڭ تاغىغى يوق،
سوپىنىڭ باغىغى (يوق).

ئۇ ئالما، بۇ ئۆرۈك،
سەن موللا، مەن تۆرۈك.

شەرمەندىنىڭ مىڭ بىر پۈتمىغى بار.

ياندىكى موللام — بار موللام،
يىراقتىكى موللام — داموللام.

ھوپۇپ كامادا،
موللام تامادا.

قولۇڭدا قارچۇغا تۇرۇپ،
«قۇ-قۇ»نىڭ نىمە ئىشى؛
دىلىڭدا ئاللا تۇرۇپ،
«ھۇ-ھۇ»نىڭ نىمە ئىشى.

ئۆزى بەرگەن خۇدايىم،
ئۆزى ئالغان خۇدايىم.

## ۋە باشقىلار

ئالدىغا بار، كەينىگە يوق،
ئاتلىققا بار، پىيادىگە يوق.

بار چاغدا ھەپىرەڭ،
يوق چاغدا زەپىرەڭ.

بىرىنىڭ يۈزىگە قارىدىم،
بىرىنىڭ سۆزىگە.

بىرىنىڭ ئاكىسى ئىككى.

ئېتىمنى شاخقا باغلىدىم،
ئۆزەمنى ھەققە.

ئىككى قىلىچ بىر غىلاپقا سىغماس.

جەينەك يېقىن بولسىمۇ چىشلىگىلى بولماس.

كېمىگە چۈشتۈڭ — جانىنىڭ غېمىگە چۈشتۈڭ.

مانتا قاسقاندا تۆرسىمۇ ئوتتا پىشمىدۇ.

ئوچاقتا كىرگەن نان خام چىقماس.

پادىدىن ئىلگىرى چاڭ ـ توپا كورۇنەر.

پاتىمە قوپار، زوھرە پاتار.

پىچاق ئىتتىك بولسا پاغاچنىڭ قاتتىغى يوق.

پىچاق ئىتتىك بولسا غىلىپىنى كېسەر.

چوگۇن تاشسا، ئۈز بويىغا تاشىدۇ.

رەمچى سالىدۇ رەمنى،
كوڭۈلگە سالىدۇ غەمنى.

سوغاق كوك ماڭقىدىن قورقىدۇ.

تاققا پاتمىغان ئۈشكە قازانغا پاتار.

تەمىنى بىلەي دىسەڭ تېتىپ كور،
ئېپىنى بىلەي دىسەڭ ئېتىپ كور.

يىمىگەننىڭ چىشىغا تاش.

زارلىغانغا كەلمەيدۇ،
قارىغانغا بەرمەيدۇ.

زورلىغانىنىڭ زورى بار،
ئىسسىق ناننىڭ ھورى بار.

غېمى يوق ئىنسان بولماس،
ئەيمۈى يوق ھايۋان (بولماس).

غورا بولماي مېغىز بولماس.

ھەممە كىشى ئانىدىن يالىڭاچ تۇغۇلغان.

قاغا تۇت قاراپ، بىر چوقۇيدۇ.

قىشتا ئۇچاق ئۆزىگە تارتار.

قۇش ئاسماندا ئۇچسا، سايىسى يەرگە چۈشەر.

قۇيرۇغىنى كۆتەرگەن كالا تېزەكلىمەي قالماس.

ئەيسامۇ ئۆز يولىدا،
مۇسامۇ ئۆز يولىدا.

**维吾尔民间谚语（二）**（维吾尔文）

[illegible]提·[illegible]衣木　编

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　哈密地区印刷厂印刷

787×1092毫米　32开本　　3 印张

1983年2月第1版　　1983年7月第1次印刷

印数：1——25，000

---

统一书号：*M* 10098·705　定价：0.17元

书号：*M*10098·705

定价：　　0.17元